ئوقۇغۇچىلار مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ مەكتەپكە باردى ـ قايتتى، ئەتىگەندە، چۈشتە، كەچتە بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆلچەندى، مۇداپىئە بۇيۇملىرى تولۇق سەپلەندى

# «جاراڭلىق كىتاب ئوقۇش ساداسى» پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدالدى

**□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ياڭ جىڭيى، يې سۈي**

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر ئوقۇش باشلاپ دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مەكتەپلەرنىڭ تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە، دەل جايىدا يولغا قويۇپ، ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىنى بىخەتەر، تەرتىپلىك تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇشنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇشى ئائىلە باشلىقلىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىش. شۇڭا بۇ ھەقتە زىيارەت قىلدۇق.

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سەھەردە، مەكىت ناھىيەلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىتىپ تەرتىپلىك ھالدا مەكتەپكە كىردى، مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا، تولۇق 2 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى مەدىنە ئەمەر تاقىۋالغان كونا ماسكىسىنى يىغىۋېلىش ساندۇقىغا تاشلىۋېتىپ، بىر يېڭى ماسكا تاپشۇرۇۋالدى.

«بىز كونىسىنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ھەقسىز ماسكا تارقىتىپ بەردۇق» دېدى مەكىت ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى رېن شياۋگاڭ.

مەكىت ناھىيەلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە، ھەربىر دەرسخانىغا دېزىنفېكسىيەلەش پۈركۈگۈچى، تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ، قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى قاتارلىق مۇداپىئە بۇيۇملىرى سەپلەنگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىخەتەر ئۆگىنىش مۇھىتى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ئاۋات ناھىيەلىك تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگىنىمىزدە، سىنىپلاردىن جاراڭلىق كىتاب ئوقۇش ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، دەرسخانىلاردا ئوقۇغۇچىلار زېھىن قويۇپ دەرس ئاڭلاۋاتاتتى. «بىز ئىقتىدارلىق دەرسخانا، كومپيۇتېرخانا قاتارلىقلارنى بىكارلاپ، كىچىك سىنىپلاشتۇرۇپ ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇپ، سىنىپلارنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق.» مەكتەپ پارتىيە قۇرۇلۇشى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جياڭ شيېنشىڭ مۇنداق دېدى: ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىپ ـ كېتىشى، دەرس ئاڭلىشى، دەرستىن چۈشۈشى، دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا ۋە غىزالىنىشىنىڭ ھەممىسىنى ئۇچراشتۇرماي، ۋاقىتنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ئېلىپ باردۇق.

«5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ياخشى ئۆسمۈرلەر، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش مەسئۇلىيىتى كۈچلۈك؛ پات ـ پات قول يۇيۇپ تۇرسا، پات ـ پات ھاۋالاندۇرسا، كۆپرەك ئاپتاپسىنسا تېخىمۇ ساغلام بولىدۇ...» خو رۇيفاڭ قومۇل شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ 4 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپنىڭ سىنىپ مەسئۇلى بولۇپ، ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى دەرس باشلاشتىن بۇرۇن ئۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئۆزى يازغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بالىلار قوشىقىنى ئوقۇپ، تەربىيەنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈش ئۇسۇلىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاددىي ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇردى.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سائەت 9دا، غۇلجا شەھەرلىك 24 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى يول كۆرسەتمە خەرىتىسىنى بىر قاراپلا چۈشەنگىلى بولاتتى، ئوقۇغۇچىلار بېكىتىلگەن رايوندا ئۆز ئالدىغا، تەرتىپلىك ھالدا مەكتەپكە كىرىۋاتاتتى. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىقى، بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇش باشلاشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇ مەكتەپ سىنلىق بىۋاستە كۆرستىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مانېۋىرى ۋە ساغلاملىق مۇداپىئەلىنىش بىلىملىرىدىن ھەربىر ئائىلىنى تەڭ بەھرىلەندۈرۈپ، «مەكتەپ، سىنىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى، ئاتا ـ ئانىلار»دىن تەركىب تاپقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تورىنى زىچ، ئىنچىكە بەرپا قىلدى.

مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ مەكتەپكە بېرىش ـ كېلىش، ئەتىگەندە، چۈشتە، كەچتە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، مەكتەپ ئىچىدە رايونغا بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلىش... پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەش بىلەن بىللە، ئوقۇتۇشنى تەرتىپلىك قانات يايدۇردى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىچكىرى رايونلاردىن كەلگەن مائارىپقا ياردەم بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار بىرقەدەر كۆپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىشتىكى قاتناش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاقسۇ ۋىلايىتى تۆمۈريول تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ، شىنجاڭغا قايتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار مەخسۇس پويىزدىن ئالتىنى ئورۇنلاشتۇردى؛ خوتەن ۋىلايىتى ئالدىنقى مەزگىلدە ئون نۆۋەتچى ئايروپىلاننى ماسلاشتۇرۇپ ۋە ئالاقىلىشىپ، مائارىپقا ياردەم بېرىۋاتقان 1300 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ گەنسۇ، سىچۈەن، شەنشى قاتارلىق جايلاردىن خوتەنگە قايتىشىغا ياردەم بەردى، 2800 نەپەر ئوقۇتقۇچى مەخسۇس پويىز ئارقىلىق ئىش ئورنىغا قايتىپ، تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇش باشلىشى، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

«بىز تەلەپ بويىچە، ئىچكىرى رايونلاردىن ئىش ئورنىغا قايتقان ئوقۇتقۇچىلارنى ئايرىۋەتتۇق، ئايرىۋېتىش ئاخىرلىشىپ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە تەشكىللەپ، تېنىنىڭ ساغلاملىقى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئىش ئورنىغا چىقىرىمىز» دېدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ياڭ خۇڭجۈن.

ئىگىلىشىمىزچە، ئوقۇش باشلانغان، دەرس ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەر «ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىنكى تۇنجى دەرس» «دەرس ئالدىدىكى ئون مىنۇت» «باش تېمىلىق سىنىپ يىغىنى» قاتارلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، يۇقۇمغا بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، مىننەتدارلىق تەربىيەسى، ھاياتلىق تەربىيەسى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ساۋاتلىرى باش تېما قىلىنغان تەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# «باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىلىڭى» ياڭ يېگۈك: ھاياتلا بولسام كۆرەش قىلىشنى توختاتمايمەن

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن تېلېگراممىسى** (مۇخبىر لى ۋېنۋەن) 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى پەيتىدە، بىر مەيدان ئەسىرلىك كاتتا ھەربىي پارات بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئىككىنچى توپچىلار قىسمىنىڭ پارادقا قاتناشقان چاسا ئەترىتى تيەنئەنمېننىڭ ئالدىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۆتكەندە، يېڭى تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ھەيۋەت بىلەن نامايان بولۇپ، پۈتۈن جاھاننىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى، كىشىلەرنىڭ غەيرىتىنى ئۇرغۇتتى.



**ياڭ يېگۈكنىڭ سۈرىتى.**
**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان**

سەپنىڭ ئالدىدىكى قوماندانلىق ئاپتوموبىلىدا، بىر كوماندىر قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ تەنتەنىلىك ھەربىي سالام بەردى، ئۇ ياڭ يېگۈك — بۇ قېتىم پاراتقا قاتناشقان ئىككىنچى توپچىلار قىسمى چاسا ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى.

ياڭ يېگۈك، 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇغۇلغان، خۇبېي يىڭچېڭدىن. 1963 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، 1966 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پارتىيەگە كىرگەن، ھايات ۋاقتىدا سابىق ئىككىنچى توپچىلار قىسمىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇۋجاڭى بولغان. 2004 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كۆپ چارچىغانلىقتىن كېسەل بولۇپ، كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

ياڭ يېگۈك دائىم مۇنداق دەيتتى: «ئۇرۇش بىزدىن يىراق ئەمەس»، شۇڭا «ۋاقىت بىلەن بەيگىگە چۈشۈشتە چىڭ تۇرۇش»تەك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى تۇتۇشىمىز، مەشىق قىلىشىمىز كېرەك.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيە فاڭجېنىنى بېكىتكەندىن كېيىن، ياڭ يېگۈك ئارمىيەمىز تارىخىدىكى تۇنجى يېڭى تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمىنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ ۋەزىپە ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى: بازا يوق، جابدۇق كەمچىل، ئىختىساسلىقلار يېتەرسىز ئىدى؛ يېپيېڭى قىسىم، يېپيېڭى قورال ـ جابدۇقلار يېپيېڭى قۇرۇلۇش پىكىر يولى، مەشىق ئەندىزىسىگە موھتاج ئىدى؛ يېڭى تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخى تەتقىق قىلىنىپ ياسىلىۋاتاتتى، ئەمما باشقۇرۇلىدىغان بومبا لىۋىنى تەشكىللەش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى چوقۇم باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىشتىن ئىلگىرى تاماملاشقا توغرا كېلەتتى...

ياڭ يېگۈك بازىدىن 11 قابىل ئەسكەرنى تاللاپ، مەركەزلىك مەشىق ئەترىتى تەشكىللىدى، خىراجەتنى تېجەش ئۈچۈن، ئۇ يەرلىكتىكى تاشلاندۇق زاۋۇت سېخلىرىنى قىسمىنىڭ گازارمىسى قىلدى. كەسپىي مەشىق قىلىش بىلەن بىللە، ئەترەت ئەزالىرى يول ياساپ، يەر تۈزلەپ، قورشاۋ تام سېلىپ، ئىككى قولى بىلەن ئۆزىنىڭ چوڭ لاگېرىنى قوروپ چىقتى. ياڭ يېگۈكنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قوشۇن ئۈزلۈكسىز زورايدى.

ئەينى چاغدا، يېڭى تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا تېخى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياساپ بولۇنمىغاچقا، مەركەزلىك مەشىق ئەترىتىنىڭ دەرسلىك تىزىسى يوق ئىدى، شۇڭا ياڭ يېگۈك مەركەزلىك مەشىق ئەترىتىدىكىلەرنى باشلاپ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىغا بېرىپ، ئۇلاردىن بىر ـ بىرلەپ سوراپ ئۆگەندى. كۈندۈزى ئۇلار سېختا ئۇستاملارغا ياردەمچى بولۇپ، چېرتيوژ ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى خاتىرىلىسە، كەچتە خىزمەت خاتىرىسىنى تەپسىلىي ياخشى يازدى، مۇشۇ ئاساستا، ئۇلار بىر يۈرۈش كەسپىي دەرسلىك تۈزۈپ چىقتى.

بازىنىڭ سابىق مۇئاۋىن جېڭۋېيى چى جىجياڭ ئەسلەپ مۇنداق دېدى — كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق ئىشلىگەچكە، ياڭ يېگۈك ئورۇقلاپ، قارىداپ كەتكەنىدى. ئەمما ئۇ قىسمنى باشلاپ «قورال ـ ياراغ بولمىسىمۇ مەشىق قىلالايدىغان، قورال بولسا ئۇرۇش قىلالايدىغان بولۇش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. قىسمنى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ئەينى يىللاردا، ياڭ يېگۈك يېڭى تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ھەرقايسى كەسپىي مەشغۇلاتلىرىغا قوماندانلىق قىلىش ماھارىتىنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىگەن ھەم قىسمنى باشلاپ 2 ـ توپچىلار قىسمى تارىخىدىكى تۇنجى يېڭى تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەرگەن.

1995 ـ يىلى، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز تەۋەلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم، زور ھەربىي مانېۋىردا، ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرگەن بۇ يېڭى تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمى بۇيرۇققا بىنائەن باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش مەشىقى قىلىپ، ئالتە بومبا ئېتىپ ھەممىسىنى نىشانغا تەگكۈزۈشتەك جەڭ نەتىجىسى ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئىرادىسى ۋە مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان. ياڭ يېگۈك مانېۋىردا مۇھىم رول ئويناپ شەرەپ بىلەن 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

شۇ كۈنلەردە، ياڭ يېگۈك كۈندۈزى نەق مەيداننى چارلىسا، كەچتە خەرىتە ئۈستىدە مەشغۇلات قىلغان، تۇمۇزدا كېسەل بولۇپ قالسىمۇ، جەڭچىلەرنى بومبا قويۇپ بېرىش مەيدانىنى رېمونت قىلىشقا تەشكىللىگەن. مانېۋىر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ چارچاپ يىقىلىپ قېلىپ، دالا ئۇرۇشى شىپاخانىسىنىڭ چېدىرىدا بىر كۈن ئاسما ئوكۇل سالدۇرغان.

ھاياتلا بولسام كۆرەش قىلىشنى توختاتمايمەن. ئارمىيەگە قاتناشقان 41 يىلدا، ياڭ يېگۈك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى باشتىن ـ ئاخىر قەلبىگە پۈكۈپ، كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت بىلەن تا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىسىگىچە جان تىكىپ خىزمەت قىلغان.

2004 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، كېسەللىكى ئېغىرلىشىپ قالغان ياڭ يېگۈك بېھوش ھالەتتىن ئويغىنىپ، مەلۇم باشقۇرۇلىدىغان بومبا لىۋىنىڭ لۈيجاڭى چېن جۇخۇاغا تېلېفون بېرىپ، لىۋىنىڭ باھالاشتا ئۆلچەمگە يېتىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا خىزمەتنى چوقۇم ئىنچىكە ئىشلەشنى تاپىلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي، ياڭ يېگۈك يەنە ھوشىدىن كەتكەن.

ئۇ سەكراتتىكى چاغدا، توختىماي جۆيلىگەن، خوتۇنى ياڭ يۇجېن ئاخىرەتلىك ئىشلارنى تاپىلاۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ يېقىن كېلىپ تىڭشىغان، لېكىن ئۇنىڭ ئاڭلىغىنى ئەكسىچە «دىققەت، راھەت» «بىر، ئىككى، بىر... يولغا چىققىلار...» بولغان.

«ياڭ يېگۈكنىڭ ھەر ۋاقىت بۇرچىنى ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى ئۆمۈرلۈك ئەڭ ئالىي ئىنتىلىش قىلىدىغان روھى ئالىيبۇرۇن بازىدىكى قىسىم ۋە بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ قان تومۇرىغا سىڭىپ كەتكەن» دېدى راكېتا ئارمىيەسى مەلۇم بازىسىنىڭ رەھبىرى.

2005 ـ يىلى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ياڭ يېگۈككە «سادىقلىق بىلەن بۇرچىنى ئادا قىلغان نەمۇنىچى كوماندىر» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەردى. 2006 ـ يىلى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ياڭ يېگۈك پۈتۈن ئارمىيەدە سۈرىتى ئېسىلىدىغان قەھرىمان نەمۇنىچىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ئۇنىڭ سۈرىتى جاڭ سىدى، دۇڭ سۇنرۇي، خۇاڭ جىگۇاڭ، چيۇ شاۋيۈن، لېي فېڭ، سۇ نىڭ، لى شياڭچۈن قاتارلىقلار بىلەن بىللە پۈتۈن ئارمىيەدىكى لىيەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ كۇلۇبلىرىغا ئېسىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2012 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئەتراپىمدا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىكى بەزى سۆز ـ ھەرىكەتلەر پەيدا بولدى. مەسىلەن، پەرزەنتلەرنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىشىگە يول قويماسلىق، تېلېۋىزور كۆرۈشكە، رادىيو ئاڭلىشىغا يول قويماسلىق، دىنىي باھانە قىلىپ ئاياللارنىڭ سىرتقا چىقىپ پائالىيەت قىلىشىغا يول قويماسلىق قاتارلىقلار. شۇ چاغدىن باشلاپ، مەندە «دىنىي بىلىم» ئۆگىنىش ئويى پەيدا بولدى، مەن شۇ چاغدا خاتا ھالدا، مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەگەر مەندە «دىنىي بىلىم» بولمىسا ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىم ۋە ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالىمەن، دەپ قارىغانىدىم.

ئىچ مېجەز بولغاچقا، مەن باشقىلار بىلەن ناھايىتى ئاز ئالاقە قىلىپ، تورغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدىم. مەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلىدىغان بەزى تور بېكەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇ يەردىن ئاتالمىش «دىنىي بىلىم»نى ئىگىلىدىم ھەم بۇ «بىلىم»لەرنى چۈشۈرۈپ، دائىم «ئۆگىنىپ» تۇردۇم، يەنە ئاشۇ تور بېكەتلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئاتالمىش «غازات قىلىپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەننى كىشىلىك ھاياتىمنىڭ ئىنتىلىشى قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، بىلىپ ـ بىلمەي، مەن قەدەممۇقەدەم دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ چىرمىشىگە ئۇچرىدىم.

ئېرىم دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن تېخىمۇ ئېغىر يۇقۇملانغاچقا، 2017 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تېررورىزم، ئەسەبىزمنى تەرغىب قىلىش جىنايىتى بىلەن قانۇن بويىچە جازاغا ھۆكۈم قىلىندى.

2018 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئېرىم تۈرمىدە ماڭا بىر پارچە خەت يازدى، خەت ئۆز قىلمىشلىرىغا بولغان پۇشايمان ۋە ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئالدىدىكى خىجىلچىلىق بىلەن تولغانىدى. ئۇ خېتىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «‹ئۈچ خىل كۈچ› تەرغىب قىلغان ئاشۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەلىرىنىڭ ھەممىسى خاتا، تېخىمۇ مۇھىمى بۇ قانۇنغا خىلاپ جىنايەت، مەن ئۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ، جىنايەت يولىغا ماڭغان. سىز ئۇلارنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى ۋە رەزىل ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تۈگىتىپ، بالىمىزنى ياخشى تەربىيەلەپ، ئۆتمۈشتىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئادا ـ جۇدا بولۇپ، يېڭى تۇرمۇشنى باشلاڭ».

ئېرىمدىن كەلگەن خەتنى كۆرۈپ ناھايىتى تەسىرلەندىم، ئىنچىكە ئويلانغاندىن كېيىن، كېرىيە ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئۆگىنىشكە تىزىملىتىپ قاتنىشىشنى قارار قىلدىم.

كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بارغاندىن كېيىن، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم مېنى تامامەن ئۆزگەرتتى. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بىزنى ياخشى ئۆگىنىش، تۇرمۇش شارائىتى بىلەن تەمىنلىدى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچى، دوختۇر قاتارلىق خىزمەتچىلەر بىزگە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدەك كۆڭۈل بۆلدى، غەمخورلۇق قىلدى. بىز ناھايىتى ياخشى تەلىم ـ تەربىيەدىن بەھرىمەن بولدۇق، ھەقسىز مەززىلىك تاماقلارنى يېدۇق، مەكتەپ دائىم تۈرلۈك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئوقۇتقۇچىلار بىزگە ھەر تەرەپلىمە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىزگە ياردەم بېرىپ، بىز يولۇققان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەردى.

بىر قېتىم، كۆزۈمگە قان تولۇپ، ئاغرىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىم غۇۋالاشتى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى دوختۇر دەرھال مېنى تەكشۈرۈپ، بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى بولۇپ قالغانلىقىمنى ئېيتتى. تېخىمۇ ياخشى داۋالاش ئۈچۈن، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ ماڭا دىياگنوز قويدى، ئۆلچەم بويىچە دورا ئىشلىتىش ئارقىلىق، بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى كېسىلىم بىر ھەپتە بولمايلا ساقىيىپ كەتتى.

تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، مەن خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىر ئورۇنغا بېرىپ خىزمەت قىلدىم، مەن بۇ خىزمەتتىن ئىنتايىن رازى بولدۇم.

ھازىر ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئىنتايىن خاتىرجەملىك، بەختلىك ۋە مەمنۇنلۇق ھېس قىلىۋاتىمەن. ئىلگىرىكى كۈنلىرىمنى ئەسلىسەم، ئاتا ـ ئانامغا ھەقىقەتەن يۈزكېلەلمەيمەن، ئۇلاردىن يوشۇرۇن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن ئۇچرىشىپ، قاراڭغۇلۇققا قاراپ ماڭغانىدىم؛ بالامغا يۈزكېلەلمەيمەن، ئۇنىڭغا ياخشى ئانا ئۈلگىسى تىكلەپ بېرەلمىدىم. ھەر قېتىم بۇلارنى ئويلىسام، قەلبىم پۇشايمانغا تولىدۇ.

مەن مېنى ۋە ئېرىمنى پاتقاققا سۆرەپ كىرگەن ئاشۇ «ئۈچ خىل كۈچ»تىن نەپرەتلىنىمەن، ئۇلار مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇترىتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، تىنچ تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، مەن تىنچ، مۇقىم ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ قوينىدا ياشاشنىڭ نەقەدەر بەختلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم، مەن ئىككى قولۇم بىلەن بۈگۈنكى ياخشى تۇرمۇشنى قوغداپ، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ يەنە ئەۋلادلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن.

**(مۇخبىرىمىز جېڭ جو رەتلىگەن)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بىز ‹نۇقتىدىن نۇقتىغا› ئاپتوموبىل ھۆددىگە ئېلىش، ئايروپىلان ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە قۇرۇلۇشچىلارنى مەيدانغا كىرىپ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تېز سۈرئەتتە تەشكىللىدۇق، كېيىن يەنە خادىملار ئۈزلۈكسىز ھالدا شىنجاڭ سىرتىدىن ئىش ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ.» جۇڭگو تۆمۈريول 1 ـ ئىدارىسى چاقىلىق ـ نىيە يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى 5 ـ توختام بۆلىكى تۈر بۆلۈمى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى داڭ جياڭتاۋ تېلېفوندا مۇنداق دېدى: «ۋاقىت قىس، ۋەزىپە ئېغىر، بىز تەپسىلىي يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى ۋە ئايلىق قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈپ، قۇرۇلۇش مۇددىتى تۈگۈنىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. ھەم خام ماتېرىياللارنى تېز سۈرئەتتە مەيدانغا كىرگۈزۈشكە تەشكىللەپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ يېتىشىپ مېڭىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.»

چاقىلىق ـ نىيە يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى چاقىلىق ناھىيەسىگە جايلاشقان بولۇپ، چەرچەن ناھىيەسى، بىڭتۈەن 2 ـ شىسى 37 ـ تۈەنى، 38 ـ تۈەندىن ئۆتىدۇ، ئاخىرقى نۇقتىسى نىيەگە جايلاشقان بولۇپ، G315 لىنىيەسىنىڭ نىيەدىن لوپقىچە بولغان تاشيول تۈرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، لىنىيەنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 530.2 كىلومېتىر. تۆت قوش يۆنىلىشلىك تۆت ئاپتوموبىل يوللۇق يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئۆلچىمى بويىچە ياسىلىدۇ، لايىھەدىكى سائەتلىك سۈرئىتى 120 كىلومېتىر بولۇپ، 2021 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈپ قاتناش باشلاش مۆلچەرلەنمەكتە.

ئىگىلىنىشچە، چاقىلىق ـ نىيە يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يولنىڭ مۇھىم ھالقىسى، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىچكىرى رايونلار بىلەن ئالاقىلىشىشىدىكى مۇھىم يول ھېسابلىنىدۇ. 2019 ـ يىلى 7 ـ ئايدا G3012 قەشقەر(يېڭىشەھەر) ـ قاغىلىق ـ قاراقاش يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىدا قاتناش باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېرىمىنى قورشىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل چاقىلىق ـ نىيە يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، ئۈرۈمچىدىن لوپنۇرغىچە بولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ئىش ئەسلىگە كېلىپ قۇرۇلۇش قىلىندى ھەمدە G315 لىنىيەسىنىڭ نىيە ـ لوپ 1 ـ دەرىجىلىك تاشيولى، لوپنۇر ـ بىڭتۈەن 2 ـ شىسى 35 ـ تۈەنى، بىڭتۈەن 2 ـ شىسى 35 ـ تۈەنى ـ چاقىلىق تاشيول تۈرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتى تېز ئالغا سىلجىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تورى تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)